# دىن سەمىمىيەتتۇر

تەمىم ئەددارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «دىن سەمىمىيەتتۇر» بىز: كىمگە؟ دېسەك، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئاللاھ ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ كىتابى، ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرى، مۇسۇلمان رەھبەرلەر ۋە ئومۇمى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن» دېدى.

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شۇنداق خەۋەر بېرىدۇكى، ھەقىقەتەن دىن دېگەن؛ ئىخلاس، راستچىللىق ئاساسىغا تۇرغۇزۇلىدۇ. دىنغا ئاللاھ تائالا بۇيرىغاندەك تولۇق ئەمەل قىلىش، ھىلە-مىكىر قىلماستىن مۇكەممەل ئادا قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا: «سەمىمىيەت كىمگە بولىدۇ؟ دېيىلگەندە، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: بىرىنچى: ئاللاھ تائالاغا سەمىيمى بولۇش دېگەن: ئەمەللەرنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنىڭ پەرۋەردىگارلىقىغا، ئىلاھلىقىغا ۋە گۈزەل ئىسىم سۈپەتلىرىگە ئىشىنىش، ئاللاھنى ئۇلۇغلاش ۋە ئاللاھقا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىش قاتارلىقلار. ئىككىنچى: ئاللاھنىڭ كىتابىغا سەمىيمى بولۇش دېگەن: ئاللاھنىڭ كىتابى بولسا قۇرئان كەرىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ كالامى، ئاللاھنىڭ ئاخىرقى كىتابى، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن نازىل قىلىنغان بارلىق كىتابلاردىكى قانۇن-پىرىنسىپلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ دەپ چىن دىلىدىن ئېتىقاد قىلىش، ئۇنى ئۇلۇغلىشىمىز، ھەقىقى شەكىلدە تىلاۋەت قىلىشىمىز، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشىمىز، مۇتەشابىھلىرىنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھقا تاپشۇرىشىمىز، (ئۇ كىتابنى ئۆزگەرتكۈچىلەرنىڭ چۈشەنچىسىگە ئېتىبار قىلماسلىقىمىز)، قۇرئاننىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز، ئىلىملىرىنى تارقىتىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشىمىزدىن ئىبارەت. ئۈچىنچى: ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سەمىيمى بولۇش دېگەن: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر دەپ ئېتىقاد قىلىش، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىننى تەستىقلاش، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش، توسقانلىرىدىن چەكلىنىش، ئاللاھ تائالاغا ئىبادەتنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىن بويۇنچە قىلىش، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ ھەققىنى ئۇلۇغلاش، ھۆرمەت قىلىش، ئۇنىڭ دەۋىتىنى تارقىتىش، يولغا قويغان شەرئىتىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىشتىن ساقلىنىش قاتارلىقلار. تۆتىنچى: مۇسۇلمان رەھبەرلەرگە سەمىيمى بولۇش دېگەن: ھەقىقەتتە ئۇلارغا ھەمكارلىشىش، ئۇلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنماسلىق، ئاللاھقا ئىتائەت بولىدىغان ئىشلاردا ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىغا بويسۇنۇش دېمەكتۇر. بەشىنچى: ئومۇمى مۇسۇلمانلارغا سەمىيمى بولۇش دېگەن: ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىش، ئۇلارغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك، ئۆزى ياقتۇرغان ئىشلارنى ئۇلارغىمۇ ياخشى كۆرۈش، ياخشىلىق ۋە تەقۋادارلىقتا ھەمكارلىششتىن ئىبارەتتۇر.

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4309

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee